# شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىي ئەھۋالى

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىغا جايلاشقان، ئۇزاقتىن بۇيان، تارىخ ۋە تەبىئەت قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان، نامرات نوپۇس بىرقەدەر كۆپ. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست (خوتەن ۋىلايىتى، قەشقەر ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى)نىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز بولۇپ، دۆلەت بېكىتكەن ئېغىر نامرات رايون. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇزاقتىن بۇيان زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەر، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر، دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر «ئاخىرەتنى خۇدا پۈتكەن» «دىنىي قائىدە دۆلەت قانۇنىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ»نى تەرغىب قىلىپ، كەڭ ئاممىنى دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرۇشقا، زامانىۋى ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى چەتكە قېقىشقا، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش، ئىقتىسادىي شارائىتنى ياخشىلاش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى رەت قىلىشقا قۇترىتىپ، بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنىڭ قالاق، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىز، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن، كىرىمىنىڭ ئىنتايىن چەكلىك بولۇشى، تۇرمۇشىنىڭ ئۇزاققىچە نامرات ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ياخشىلاش، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. بولۇپمۇ 2012 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى پائال كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمچانلىقىنى ئۈنۈملۈك كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتىنى سىجىل ياخشىلىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىم سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ، تۇرمۇش سۈپىتى بارغانسېرى يۇقىرىلاپ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

سىياسەت سىستېمىسى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ دۆلەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خەلقنىڭ ساداسىغا ئۇيغۇنلىشىپ ھەم ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹13 ـ بەش يىل›لىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش يىرىك پىلانى» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مالىيە جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش، باجدا ئېتىبار بېرىش، پۇل مۇئامىلە جەھەتتىن قوللاش ۋە شەھەر ـ يېزا، رايون، كىشىلەر توپىنى بىرتۇتاش پىلانلاش ھەمدە جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا مەدەت بېرىش، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشنى پۇختا تۈزۈم كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. دىققەتنى ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى نۇقتىلىق كىشىلەر توپى ۋە ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىش، شەھەرگە تەرتىپلىك كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭدا ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 11 مىليون 352 مىڭ 400 ئادەمدىن كۆپىيىپ 13 مىليون 301 مىڭ 200 ئادەمگە يېتىپ، 17.2% ئاشتى؛ شەھەر ـ بازارلاردا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 471 مىڭ 200 ئادەمدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكىلەر 148 مىڭ ئادەم بولۇپ، 31.4%نى ئىگىلىدى؛ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 2 مىليون 763 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكىلەر 1 مىليون 678 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، 60%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

ئىشقا ئورۇنلىشىش قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇردى. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، 1 ـ كەسىپنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، 2 ـ كەسىپتە مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، 3 ـ كەسىپنى زور تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەر ۋە ئەمگەك كۈچ جۇغلاشقان كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنى 3 ـ كەسىپكە تەرتىپلىك يۆتكىلىشكە يېتەكلىدى. ئۈچ كەسىپتىكى جايلىشىشتىن قارىغاندا، ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 2014 ـ يىلى 45.4:16.0:38.6 ئىدى، 2019 ـ يىلى 36.4:14.1:49.5 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، 3 ـ كەسىپتە ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 10.9 پىرسەنت پوئىنت ئېشىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا قوبۇل قىلىنغانلار ئەڭ كۆپ كەسىپكە ئايلاندى. شەھەر، يېزىلاردىكى جايلىشىشتىن قارىغاندا، بارغانسېرى كۆپ يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى شەھەر ـ بازارلارغا يۆتكىلىپ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى يەنىمۇ كۈچەيدى. 2014 ـ يىلى شەھەر ـ بازارلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار سانى 5 مىليون 354 مىڭ ئادەم ئىدى، 2019 ـ يىلى كۆپىيىپ 7 مىليون 341 مىڭ 700 ئادەمگە يېتىپ، بارلىق ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ 55.2%نى ئىگىلىدى.

ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى. مائارىپ ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەر مائارىپى، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچى مائارىپى، ئالىي مائارىپى، كەسپىي مائارىپىنىڭ ھەممىسى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى. 2019 ـ يىلى، ئادەتتىكى ئالىي مائارىپ بويىچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 453 مىڭ 800 بولۇپ، 2014 ـ يىلدىكىدىن 146 مىڭ 200 ئوقۇغۇچى كۆپەيدى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ بويىچە مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچى 1 مىليون 843 مىڭ 600 بولۇپ، 2014 ـ يىلدىكىدىن 147 مىڭ 600 ئوقۇغۇچى كۆپەيدى. ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى دەۋرنىڭ بىلىم تىپىدىكى، ماھارەت تىپىدىكى، يېڭىلىق يارىتىش تىپىدىكى ئەمگەكچىلەر چوڭ قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن شەھەر، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئەمگەكچىلەردىن 1 مىليون 288 مىڭ ئادەم قېتىم تەربىيەلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 451 مىڭ 400 ئادەم قېتىم تەربىيەلەنگەن. تەربىيەلەشكە قاتناشقانلار ئاز دېگەندىمۇ بىر تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلىگەن، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى، كەسپىي ماھارەت دەرىجە گۇۋاھنامىسى ياكى مەخسۇس تۈردىكى كەسپىي ئىقتىدار گۇۋاھنامىسى ئېلىپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشقان.

ئائىلىلەر ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى پۇختا قەدەمدە ئاشۇردى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى شەھەر ـ بازار ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى 23 مىڭ 200 يۈەندىن كۆپىيىپ 34 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 8.6% نامىي ئاشتى، يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى 8724 يۈەندىن كۆپىيىپ 13 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 8.9% نامىي ئاشتى؛ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى شەھەر ـ بازار ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى 27 مىڭ 600 يۈەندىن كۆپىيىپ 40 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 8.5% نامىي ئاشتى، لىيەندۈي ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى 13 مىڭ 900 يۈەندىن كۆپىيىپ 22 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 9.9% نامىي ئاشتى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن باشقا ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 53 مىڭ 500 يۈەندىن كۆپىيىپ 79 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 8.4% ئاشتى؛ شەھەر ـ بازارلاردىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلاردا ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مائاشى 36 مىڭ 200 يۈەندىن كۆپىيىپ 45 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 5.4% ئاشتى. 2018 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ھەم بىڭتۈەندىكى تۆت ئېغىر نامرات تۈەن ـ چاڭدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى 155 مىڭ ئەمگەك كۈچى يۆتكىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى ھەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

پاكىت شۇنى چۈشەندۈردىكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالەتلىك خىزمىتى كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى بولدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسى ئاجىز بولۇش، يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ سانى كۆپ بولۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتى سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەۋى قارىشىنى ئۆزگەرتىش شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەل قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپە.

## ئىككىنچى، ئاكتىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويدى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈش، يولغا قويۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسەتلىرىنى ۋاقتىدا تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلىشىشى، سىجىل ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى.

كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمچانلىقىنى كېڭەيتتى. «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆپ مەنبەلىك كەسىپ سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەم كاپىتال، تېخنىكا ۋە بىلىم زىچ توپلاشقان ئىلغار ياسىمىچىلىق ۋە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ھەم توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، ئىستېمال، ئېلېكترون، ئاياغ ـ باش كىيىم، چامدان ـ سومكا قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۇغلاشقان كەسىپلەرنى، شۇنداقلا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، مەدەنىيەت ئىجادىيىتى، پۈتۈن رايون ساياھىتى، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش قاتارلىق زامانىۋى مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بوشلۇقىنى كۈچەپ كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كۆلىمىنى كېڭەيتتى. 2012 ـ يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى مەۋقەنى بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئايلاندۇرۇشقا قويۇپ، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى ئېنېرگىيە قاتارلىق ئالتە چوڭ كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، 80 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. 2014 ـ يىلدىن بۇيان، دۆلەت شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، پەقەت 2017 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىدە يېڭىدىن 350 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتى. قەشقەر ۋىلايىتى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى قۇراشتۇرۇش قاتارلىق كەسىپلەرنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پائال تۈردە ئالاقىدار كارخانىلارنى باغچە رايونىدا ماكانلىشىشقا جەلپ قىلدى ۋە يېتىلدۈردى ھەم يېزا ـ كەنت ئىشلەپچىقىرىش سېخلىرىغىچە ئۇزارتتى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، بۇ ۋىلايەتتە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىسىدىن 210ى بار بولۇپ، 16 مىڭ 700 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، تۈرلۈك باغچە رايونلىرىغا ماكانلاشقان سانائەت كارخانىسى 1406 بولۇپ، 84 مىڭ 100 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئاقسۇ ۋىلايىتى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىلىرى بىلەن كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ بىرلىشىپ مەكتەپ باشقۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، 32 مىڭ 400 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 6 ـ بەتتە)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەر ـ بازار ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى 23 مىڭ 200 يۈەندىن كۆپىيىپ 34 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى، يېزا ئائىلىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى كىشى بېشى كىرىمى 8724 يۈەندىن كۆپىيىپ 13 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرگە قارىتا، شىنجاڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: 2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كارخانىلارنىڭ كۈتۈنۈش، ئىشسىزلىق، ئىشتا يارىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى جەمئىي 7 مىليارد 553 مىليون يۈەن كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى؛ 552 مىڭ 400 كىشى 1 مىليارد 695 مىليون يۈەن تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىش ياردەم تولۇقلىمىسىدىن بەھرىمەن بولدى؛ شەھەر ـ بازارلاردا 339 مىڭ 700 كىشىنىڭ يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشتى، 41 مىڭ 800 كىشى يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلەپ، 69 مىڭ 500 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولغان 31 مىڭ 600 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشتى.

ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق تەكىتلەندى: شىنجاڭ قانۇن بويىچە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئەمگەك كاپالىتى رېۋىزىيە نىزامى›نى يولغا قويۇش چارىسى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى» قاتارلىق يەرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ يولغا قويۇپ، ھەققىي تۈردە ئەمگەكچىلەرنىڭ باراۋەر ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىش ھەققى ئېلىش، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش، كەسپىي بىخەتەرلىك، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىنى قوللىنىش قاتارلىق تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە كاپالەتلىك قىلدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى باشتىن ـ ئاخىر ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ تەشەببۇسىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشتى. ئاق تاشلىق كىتابتا مۇنداق دېيىلدى: شىنجاڭ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەت، تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، خەلقئارا ئەمگەكچىلەر ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى پائال ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئەڭ زور دەرىجىدە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئەمگەك ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلام ۋە تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.